دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

شىنجاڭنىڭ قانداقلىقىدا بىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە

☐ شىنجاڭ مېيىپلەر كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىلدان روزىيوف

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، بۇرمىلاپ، ئويدۇرۇپ چىقىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرى ۋە جۇڭگو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا خالىغانچە بوھتان چاپلاپ ۋە ئۇنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، ئامېرىكىنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدىكى قوش ئۆلچىمىنى تولۇق ئاشكارىلىدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ كىشىلىك ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىشتەك زومىگەرلىك قىلمىشىنى ئاشكارىلىدى.

جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى بىز شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق. مەن ھەربىر شىنجاڭلىقنى كۆزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسىنى ۋە زومىگەرلىك ماھىيىتىنى تولۇق تونۇپ يېتىشكە دەۋەت قىلىمەن، بىز بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

مەن بىر ئۇيغۇر زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بوۋام دېھقان، ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى ياخشى بولمىغاچقا، موماممۇ بالدۇرلا تۆگەپ كەتكەچكە، دادام باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئوقۇشتىن توختاپ ئائىلىدە بوۋامنىڭ يەر تېرىشىغا ياردەملەشكەن، لېكىن دادام ئىزچىل مەكتەپتە ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىكەن. شىنجاڭ تىنچ ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، دادام قايتىدىن مەكتەپ دەرۋازىسىغا قەدەم قويۇپ، قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇشنى تاماملىغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىلى سېفەن داشۆسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، كېيىن دادام بېيجىڭ داشۆ، جىنەن داشۆگە بېرىپ بىلىم ئاشۇرغان ئىكەن. بۇ يىللاردا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلققە ئوخشاش، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى، ئۆيىمىز كېسەك ئۆيدىن خىش ئۆيگە، بىر قەۋەتلىك ئۆيدىن بىنا ئۆيگە ئۆزگەردى. بىز ئاكا ـ ئۇكا تۆتەيلەن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا ھەممىمىز مۇقىم خىزمەتكە ئېرىشتۇق.

ئۆتكەن بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىدى، تولۇقسىز ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 1990 ـ يىلدىن 2016 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا نەچچە مىڭ قېتىم زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى يۈز بېرىپ، نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئامما ئالاپەتكە ئۇچرىشى ۋە زور مال ـ مۈلۈك زىيىنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىن مەن شۇنى ئېنىق تونۇپ يەتتىمكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى ۋە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىزنىڭ تىنچ ـ ئىناق تۇرمۇشىمىزغا ئېغىر بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

بۇ بىر نەچچە يىلدا، مەن شىنجاڭنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. دېھقان ئاممىا ئەمەن ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى، ئاشلىق تېرىسا، باقمىچىلىق قىلسا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋالسا ھەممىسىگە ياردەم تولۇقلىمىسى بار، شەھەر ـ يېزا ئاھالىلىرىنىڭ بالىلار بېقىلىدىغان بولۇش، ئوقۇيدىغانلار ئوقۇيالايدىغان بولۇش، ئاغرىقلار داۋالىنالايدىغان بولۇش، ئۆيسىزلەرنىڭ تۇرىدىغان جايى بولۇش، ياشانغانلار كۈتۈنەلەيدىغان بولۇشى ئىشقا ئاشتى، ئەلگە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويۇلۇپ، ئەمەلىيلىشىپ، ئۈنۈم بەردى. كۆپچىلىك ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ ياخشى سىياسەتلەرنى بىزگە كىم بەرگەن.

ھازىر، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي سېجىل تەرەققىي قىلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، خەلق تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى، مەدەنىيەت مىسلىسىز گۈللەندى، دىنلار ئىناق ـ رايىش بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. شىنجاڭدىكى ھەربىر مىللەت، ھەربىر كىشى پارتىيەگە، ئۇلۇغ ۋەتەنگە چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، تەستە قولغا كەلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ھەسسىلەپ قەدىرلەۋاتىدۇ. ھەرقانداق تۆھمەت چاپلاش شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇيالمايدۇ؛ ھەرقانداق قارا چاپلاش شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش ـ ئىلگىرىلەش پاكىتىنى يوققا چىقىرالمايدۇ؛ ھەرقانداق سۇيىقەست شىنجاڭنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مۇساپىسىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلار زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، گۈزەل يۇرت ـ ماكانىمىزنى ئورتاق ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك. شىنجاڭنىڭ قانداقلىقىدا بىز ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە!

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتىكى تاسادىپىي ۋەقەلەرگە جىددىي تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلىشىپ، دورا بىخەتەرلىكى تاسادىپىي ۋەقەلىرىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش، يۆرۈشۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىپ ۋە پائال تاقابىل تۇرۇپ، تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ خەۋپىنى ۋە تەسىرىنى ئەڭ زور چەكتە تۆۋەنلىتىپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: سۇ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئۇل خاراكتېرلىك تەبىئىي بايلىق ۋە ئىستراتېگىيە خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي بايلىق، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنىڭ تىزگىنلەش خاراكتېرلىك مۇھىم ئامىلى. «دۆلەتنىڭ سۇ تېجەش ھەرىكەت لايىھەسى»نى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سۇ تېجەش ھەرىكىتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلەرگە سىڭدۈرۈپ، سۇ بايلىقى سەرپىياتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە كۈچلۈكلۈك كۆرسەتكۈچىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، شەھەر ـ بازارلاردا سۇ تېجەشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۇ ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى تېجەشلىك، تۈجۈپىلىك بولۇشقا ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، سۇ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، سۇ بايلىقىدىن ئىمكانىيەتلىك سېجىل پايدىلىنىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىياتىغا تىرەك بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پاختا كەسپى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىقتىسادىدىكى مۇھىم تۈۋرۈك كەسىپ ۋە دېھقانلار كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش جەھەتتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «سۈپەتلىك پاختا» توغرىسىدىكى تەرەققىيات پىكىر يولى بويىچە، ھازىرقى پاختا كەسپى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋاللارغا قارىتا، پاختا كەسپىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش، پاختىكارلارنىڭ كىرىمىنى سېجىل ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ھازىرقى پاختا سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، بازار رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز پاختا كەسپىنىڭ سېجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىز ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ كارخانىلارنىڭ 5 مىليارد 524 مىليون يۈەن يۈكىنى يېنىكلەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چوڭ كارخانىلارنىڭ تەسىراتى كۆرۈنەرلىك بولدى، كىچىك كارخانىلارنىڭ «ئېرىشىش تۇيغۇسى»مۇ تۆۋەن بولمىدى. كۇچا خۇاشىيەنزى كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت چەكلىك شىركىتىدە 20دىن كۆپرەك مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقان خادىم بار، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققى تۆۋەنلىتىلگەندىن كېيىن، كارخانا بىر يىلدا 20 مىڭ يۈەنگە يېقىن ھەق تاپشۇرۇش تەننەرخىنى تېجەپ قالالايدىغان بولدى. «ھەقنى تۆۋەنلىتىش بىزنىڭ ناھايىتى كۆپ يۈكىمىزنى يېنىكلەتتى» دېدى بۇ شىركەتنىڭ مالىيە خادىمى شەرىپە مەتىمىن.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تۆۋەنلىتىش كارخانىلارنى يەڭگىل جابدۇندۇرۇپ، سەپەرگە ئاتلاندۇردى، بازار ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. بىر قىسىم كارخانىلار يۈك يېنىكلىتىشتىن تېجەلگەن مەبلەغنى مۇھىت ئاسراش قۇرۇلۇشى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، بازار ئېچىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، ھەق تۆۋەنلىتىش سىياسىتىنىڭ پايدىسىنى ئەمەلىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تۆۋەنلىتىش يەنە كارخانىلارنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 11 ـ ئايغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلاردىكى كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئادەم سانى بۇلتۇرقىغا قارىغاندا 300 مىڭ ئادەم كۆپەيگەن.

«يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ھەققىنى تۆۋەنلىتىش ئىش ئورنىنى كۆپەيتىش، ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينايدۇ، شۇنداقلا ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سېجىل تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى قوشىدۇ» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى باشقارمىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى سۇن جەنشۆ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 2481 ئېغىر نامرات كەنتتە ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تاماملاندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، 2018 ـ يىلى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى «جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ مەخسۇس تور يېرىك پىلانى»نى تۈزدى ھەم 2018 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشىنى باشلاپ، يېزا ئېلېكتر تورىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولدى.

مۇددىتى بىر يىل توققۇز ئاي بولغان قۇرۇلۇش جەريانىدا، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، قىزىلسۇ قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا جەمئىي 110 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن 27سى، تەخمىنەن 728.7 كىلومېتىر 110 كىلوۋولتلۇق سىم يولى، 35 كىلوۋولتلۇق ترانسفورموتور پونكىتىدىن 25ى، تەخمىنەن 437.29 كىلومېتىر 35 كىلوۋولتلۇق سىم يولى، 10 كىلوۋولتلۇق توك تەقسىملىگۈچى ترانسفورموتوردىن 4532سى، تەخمىنەن 5400 كىلومېتىر 10 كىلوۋولتلۇق سىم يولى، تەخمىنەن 7700 كىلومېتىر تۆۋەن بېسىملىق سىم يولى يېڭىدىن قۇرۇلدى ۋە ئۆزگەرتىلدى، 316 مىڭ ئائىلىدىكى توك سائىتى ئۆزگەرتىلدى. ھازىر، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ 270 تۈردە ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى تولۇق تاماملىنىپ، پىلاندىكىدىن يېرىم يىل بۇرۇن ئورۇندالدى.

يوپۇرغا ناھىيەسى تېرەم بازىرى يېڭىئۆستەڭ كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى قادىر مامۇت بۇ يىل ئېتىزنى سۇغىرىشتا ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق سۇ تارتىپ سۇغاردى. تېرەم بازىرىدىكى نۇرغۇن ئېتىز ئېلېكتر كۈچىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، پەقەت دىزېل موتور ئارقىلىق سۇ تارتىلىپ سۇغىرىلاتتى، نۇرغۇن ئادەم كۈچى سەرپ قىلىنىپلا قالماي، دىزېلنىڭ تەننەرخى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى.

بۇ يىل يېڭىئۆستەڭ كەنتى ئېلېكتر تورىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، ترانسفورموتورنىڭ سىغىمىنى ئاشۇرۇش، ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ دىيامېتىرىنى توم قىلىش، ئېلېكتر مەنبەسى نۇقتىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ كەنتنىڭ توك بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەنچلىكلىكىنى ئاشۇرۇپ، شۇ جاينىڭ كەسىپ تەرەققىياتىنى يېتەرلىك ئېلېكتر كۈچى كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

«بۇ يىل بىزنىڭ كەنتنىڭ ئېلېكتر تورى ئۆزگەرتىلىپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئېتىزلارنى سۇغىرىشتا ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق سۇ تارتىپ سۇغىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، سۇغىرىش تەننەرخى بىراقلا 12% ئەتراپىدا تۆۋەنلىدى» دېدى قادىر.

ئامېرىكا تەرەپنىڭ رەزىل نىيىتى ۋە زومىگەرلىك ماھىيىتىنى ئېنىق تونۇش كېرەك

☐ شىنجاڭ سودىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى ئۆمەرجان قۇربان

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللىشى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئاشكارا دەپسەندە قىلغانلىق. مەزكۇر «قانۇن لايىھەسى» پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلدى، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالمىدى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاق، ئىناق، خاتىرجەم ياشاۋاتقانلىقىدەك ئوبيېكتىپ پاكىتنى نەزەرگە ئالمىدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا بىر تەرەپلىمە قاراشقا تولغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوققا چىقاردى، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىش تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ، قارا چاپلاپ، ئامېرىكىنىڭ قىلچە تۆۋەن چېكى بولمىغان قوش ئۆلچىمى ۋە ساختا، بەتبەشىرە زومىگەرلىك لوگىكىسىنى يەنە بىر قېتىم ئاشكارىلىدى. بۇنىڭغا قارىتا مەن كۈچلۈك ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىدا، ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق. شىنجاڭدا تۇغۇلغان، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئۇيغۇر مىللىتىدىن بولغان پارتىيەلىك بىر رەھبىرىي كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىنىڭ قاتناشقۇچىسى، باشتىن كەچۈرگۈچىسى، گۇۋاھچىسى ۋە مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدا ئىقتىساد، جەمئىيەت، مەدەنىيەت، مائارىپ، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەردە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد سېجىل تەكشى، مۇقىم، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدى، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان بولدى، ھەر مىللەت خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، داۋالاش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىقلار مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشى سېجىل ئالغا سىلجىتىلدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى قوغدالدى ۋە ئەۋج ئالدۇرۇلدى، شىنجاڭ تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ.

بىر مەزگىلدىن بۇيان، جۇڭگو شىنجاڭ رايونى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ دەستلەنمە تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)لىرى ئۈزۈلمەي يۈز بېرىپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ئىنتايىن زور خەۋپ يەتكۈزدى، ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېغىر دەپسەندە قىلدى. تېررورىزم، ئەسەبىيلىكنىڭ رىيال تەھدىتى ئالدىدا، شىنجاڭ كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەم قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق جىنايەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى، ھەم مەنبەدىن تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، خەلق تۇرمۇشىنى كۈچەپ ياخشىلاش، قانۇنچىلىق تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزى تەسىس قىلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل ئۇسۇللارنى ئېلىپ بېرىپ، تېررورىزم، دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە يامراش تۇپرىقى ۋە شارائىتىنى يوقىتىپ، تېررورلۇق پائالىيەتلىرى كۆپ يۈز بېرىش، ئۈزۈلمەي يۈز بېرىش ۋەزىيىتىنى ئۈنۈملۈك توسۇپ، ئەڭ زور چەكتە ھەر مىللەت خەلقنىڭ ھاياتلىق ھوقۇقى، ساغلاملىق ھوقۇقى، تەرەققىيات ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈردى. بۇ، كەڭ خەلقنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئەڭ ياخشى قوغدىغانلىق، شۇنداقلا خەلقئارا تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرىغا مۇھىم، زور تۆھپە قوشقانلىق. ھازىر، شىنجاڭدا ئۇدا ئۈچ يىل زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو(ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا مىللىتى چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىسى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم بولۇپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش قەدىمىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ. ئامېرىكا ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى» پەقەت شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ جۇڭگو خەلقىگە ئۇنىڭ رەزىل نىيىتى ۋە زومىگەرلىك ماھىيىتىنى يەنىمۇ ئېنىق تونۇتىدۇ، جۇڭگو خەلقىنى تېخىمۇ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلغۇزىدۇ. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولىدىكەن، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن جۇڭگو خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى بولىدىكەن، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئارازلىق سالىدىغان، شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسىدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستنىڭ ھەممىسى جەزمەن مەغلۇپ بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ھامان تارىخنىڭ كۈلكە دەستىكى بولۇپ قالىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)